دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ئەسلىي ئاپتورى: مارك تۋېن (ئامېرىكا)

# تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: ۋاڭ مېڭمېي



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئەسلى ئاپتورى: مارك تۋېن (ئامېرىكا)

# تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

[illegible]

تەرجىمە قىلغۇچى: سېيىت تىلىۋالدى

责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任校对：海仁沙·若孜

图书在版编目(CIP)数据

汤姆·索亚历险记/(美)马克·吐温(Twain,M.)著；
王梦梅改写；色依提译.—北京：民族出版社，
2005.4
ISBN 7-105-06889-2

Ⅰ.汤... Ⅱ.①马...②王...③色... Ⅲ.儿童文学
—长篇小说—美国—近代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1712.84

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第026026号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址：北京市和平里北街14号 邮编：100013
电 话：010-64290862(维文室)
印 刷：北京迪鑫印刷厂
版 次：2005年5月第1版 2005年5月北京第1次印刷
开 本：850毫米×1168毫米
印 张：7.375
印 数：0001-3000册
定 价：10.00元

本书根据北京出版社1996 年 9 月第 1 版，2000 年 3 月第 6 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب بېيجىڭ نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 6 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : **قاھار پولات**
مەسئۇل كوررېكتور : **خەيرىنىسا روزى**

# تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : سېيىت تىلىۋالدى

| | | |
|---|---|---|
| **نەشر قىلغۇچى** | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| **ئادرېسى** | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010 |
| **سانتقۇچى** | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| **باسقۇچى** | : | دىشىن باسما زاۋۇتى |
| **نەشرى** | : | 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| **بېسىلىشى** | : | 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| **ئۆلچىمى** | : | 850×1168م م. 32كەسلەم |
| **باسما تاۋىقى** | : | 7.375 |
| **سانى** | : | 0001 ـ 3000 |
| **باھاسى** | : | 10.00 يۈەن |

# ئەقلىڭنى لال قىلىدىغان ھېكايىلەر

## كىرىش سۆز

«تام سوييېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» — مەشھۇر ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تۋېننىڭ ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرى تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ يازغان رومانى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكىدىكى مىسسىسىپى دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان سىن پېتېربورگ بازىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. ئەسەردىكى باش قەھرىمان تام سوييېرنى بالا مارك تۋېننىڭ دەل ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مارك تۋېن بالىلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى مەزكۇر ئەسەردە تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ رومانىدىكى مەكتەپتىن قېچىش، چوڭلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئاجايىپ جانلىق يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ھەتتا تامنىڭ قىلىقلىرى ئەجەبمۇ ماڭا ئوخشايدىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ھېكايىدىكى تام شوخ ھەم ناھايىتى زېرەك بالا بولۇپ، ئۇ خاك ئىسىملىك ئۆي-ماكانسىز بالا بىلەن بىرگە ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن، تام شوخلۇقى تۈپەيلى ھاممىسىنىڭ ھويلا تېمىنى ھاكلاش جازاسىغا ئۇچرايدۇ. تامنىڭ قۇۋلۇق قىلىپ ھىيلە ئىشلىتىش ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئىشىنى باشقا بالىلار رازىمەنلىك بىلەن قىلىشىپ بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭغا يەنە تەشەككۈر سوۋغىسى تەقدىم قىلىدۇ. كېيىن تام دوستى خاك بىلەن بىرگە بىر ئارالغا قېچىپ كېتىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى سۇدا تۇنجۇقۇپ قازا قىپتۇ، دەپ ئويلاپ چىركاۋدا ئۇلارغا ئاتاپ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. تام بىلەن خاك بولسا چىركاۋنىڭ قوڭغۇراق راۋىقىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ماتەم مۇراسىمىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ. بۇ كەپسىزلىكلەرنى ئۆلگە قىلمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن، تام ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىپ، گۇناھسىز جىنايەت گۇماندارى ماف پوتېرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ھەمدە شۇنداق كەپسىزلىكلىرى داۋامىدا دوستى خاك بىلەن بىر قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر كىچىك قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىنىڭ جانلىق، تېتىك خاراكتېرى ۋە تەۋەككۇلچىلىك، ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مارك تۋېن «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، «كەپسىز سەرگەردان» ناملىق يەنە بىر رومان يازغان. بۇ رومان «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق رومانىنىڭ داۋامىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى تام سويېر بۇ كىتابتىمۇ ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ناۋادا سىز ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىدىن ئامېرىكا يازغۇچىلىرى يازغان باللار ئوقۇشلۇقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئون كىتاب قايسى؟ دەپ سورىسىڭىز، كۆرسىتىلگەن ئون كىتاب ئەلۋەتتە «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» بىلەن «كەپسىز سەرگەردان» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كىتابىڭلار قايسى؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار چوقۇم «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» بىلەن «كەپسىز سەرگەردان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ناۋادا يەنە بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئەڭ قىزىقارلىق، دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار شۈبھىسىزكى «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» دەيدۇ.

# كىتابتىكى پېرسوناژلار



**تام سوير**: ئەسەردىكى باش قەھرىمان، ئاتا-ئانىسى بالدۇر تۈگەپ كەتكەچكە، هاممىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈل، شوخ ھەم كەپسىز ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىنىڭ تىپى ھېسابلىنىدۇ.



**سىد**: تامنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى، ياۋاش، ئەدەپلىك بالا. ئۇ گەرچە تامغا ئامراق بولسىمۇ لېكىن بەزىدە هاممىسىنىڭ ئالدىدا ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قالىدۇ.



**تامنىڭ هاممىسى**: تام بىلەن سىدنى تەربىيىلەشكە ئۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان موماي.



**مارى**: تامنىڭ نەۋرە ئاچىسى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان ئىش — ھەر يەكشەنبە كۈنى تامنى سىرتقا ئېلىپ چىقىش ئۇچۇن پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، رەتلىك كىيىندۇرۇش .



**خاك بېرى فىنن**: ئۆزى سەرگەردان بولسىمۇ باشقىلارغا ئۈمىدۋار ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بالا. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشقا ئامراق.



**جۇخاپو** : تامنىڭ دوستى. ئۇ تام ۋە خاكلار بىلەن بىرگە جېكسون ئارىلىدا دېڭىز قاراقچىسى ئويۇنى ئويناۋاتقاندا كىشلەر ئۇلارنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.



**بېن روجېس** : تامنىڭ ئاغىنىسى . ئۇ بىر قېتىم تامنىڭ دامىغا چۈشۈپ، تامغا بىر دانە ئالما بېرىش بەدىلىگە، تامنىڭ هويلا تېمىنى هاكلاش ئىشىغا ياردەملىشىدۇ.



**دوبسېن** : تامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ دائىم دەرس ئارىلىقىدا تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتاب ئوقۇيدۇ، باللار ئۇنىڭ زادى قانداق كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئۆزلىرىچە هەرخىل پەرەز قىلىشىدۇ.



**ساتچىر سوتچى**:مەزكۇر هېكايىدىكى مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى شەخس. ساتچىر ئەپەندى يەكشەنبىلىك مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەندە، تام ئۇنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەن دەپ ئەكسىچە سەتچىلىككە قالىدۇ .



**بېك** : ساتچىر سوتچىنىڭ قىزى. ئۇ تامدىن ئىككى- ئۈچ ياش كىچىك بولۇپ، تام بىلەن بىللە بىر غاردا ئېزىپ قىلىپ، بىر كېچە- كۈندۈز تەمتىرەپ يۈرىدۇ. كېيىن تامنىڭ ئەقىل- پاراستى ۋە جەسۇرلۇقى بىلەن خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.



**جېف ساتچىر** : ئاشۇ بازاردىكى داڭلىق ئادووكات ، ساتچىر سوتچىنىڭ ئىنىسى.



**ماف پوتې**: هاراقكەش ئىشچى. مەستلىكتە باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ، قاتىللىق جىنايىتى ئارتىلىپ قالىدۇ. كېيىن تامنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن بۇ بەتنامدىن قۇتۇلىدۇ.



**ئىنجان جو**: ئىندىئان بىلەن ئاقتەنلىكنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئارغۇن. ئۇ ياۋۇز ئادەم بولۇپ، بەش قېتىم قاتىللىق قىلغان. كېيىن غارغا قامىلىپ ، ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.



**روبىنس** : سۆڭەك دوختۇرى. ئاناتومىيىلىك ئوپېراتسىيىگە جەسەت لازىم بولۇپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ قەبرىسىنى ئېچىۋاتقاندا ئىنجان جو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.



**دوگلاس خانىم**: ئامانلىق ئەمەلدارى دوگلاس ئەپەندىنىڭ خانىمى. خۇش پېئىل ، مۇلايىم ئايال. خاك ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇ خاكنى بېقىۋېلىپ، ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ.



**ۋاللېست بوۋاي**: باشقىلارغا سەممىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بوۋاي. ئۇ خاكنىڭ ئىلتىجاسى بويىچە ئىككى بالىسى بىللە ئىنجان جونى قوغلاپ بارىدۇ.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب

پول هاما ........................................ 2
ئاقلامچى ........................................ 6
تام سويېرنىڭ ھىيلىسى ........................................ 9
مۇكاپات ئالما ........................................ 14
كەمپۈت قۇتىسىنىڭ چېقىلىشى ........................................ 17
"ئەقىللىق" بالا ........................................ 19
تام ئاغرىپ قالدى ........................................ 25
سەرگەردان بالا ........................................ 29
ۋاشىنگتوننى دوراش ........................................ 34
تېزەكچى ئويۇنى ........................................ 38
تام بىلەن بېك ........................................ 40
تون نىسبىدىكى قەبرىستانلىق ........................................ 43
قانلىق پاجىئەنى كۆرۈش ........................................ 48
قەسەم ........................................ 54
ماف پوتېي قولغا ئېلىندى ........................................ 56
ۋىجدان ئازابى ........................................ 60
مۆشۈككە دورا ئىچكۈزۈش ........................................ 63

## ئىككىنچى باب

ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ........................................ 69
جېكسون ئارىلىدا ........................................ 74

تام يوقاپ كەتتى........................ 79
ئوغرىلىقچە ئۆيگە قايتىش........................ 85
تامنىڭ دوكلاتى........................ 89
مەخپىيەتلىك........................ 91
ساۋاقداشلار سىغىنىدى........................ 95
ماتەم مۇراسىمى........................ 98
تامنىڭ چۈش ئۆرۈشى ........................ 103
چىقىشقاق بالا........................ 108
قوۋزاق پاكىت........................ 111
دوستى ئۈچۈن تاياق يېيىش........................ 115

## ئۈچىنچى باب

سوت ئېچىلىشقا ئاز قالدى........................ 121
بىچارە ماي پوتى ........................ 124
كۈتۈلمىگەن گۇۋاھچى........................ 128
ئەندىشە........................ 134
بىزمۇ گۆھەر تاپالىساق !........................ 136
شېرىن خىيال........................ 139
كېچە سائەت ئون ئىككىدە........................ 143
پېشكەل جۈمە........................ 146
جىنلار ئۇۋىسى........................ 149
تىللا ساندۇقى........................ 154
"ئىككىنچى نومۇر"نىڭ سىرى........................ 158
سارايدىكى مەخپىيەتلىك........................ 163

## تۆتىنچى باب

دالا تامىقى........................ 169
خاكىنىڭ ئىز قوغلىشى........................ 173



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ۋاللىيست بوۋايغا ئىلتىجا........................................ 176
نامسىز قەھرىمان................................................ 181
تام بىلەن بىيك يوقاپ كەتتى...................................... 185
خاك ئاغرىپ قالدى............................................... 188
غار ئىچىدە ئىزىپ قىلىش.......................................... 191
ئاخىرقى بىر تال شام............................................. 194
غاردىكى يەنە بىر ئادەم........................................... 197
يورۇق دۇنيانى قايتا كۆرۈش........................................ 200
بەتنىيەتنىڭ ئاقىۋىتى.............................................. 203
بايلىق غاردا ئىكەن............................................... 207
غاردىكى كرىست ................................................. 210
كۆتۈلمىگەن تەكلىپ................................................ 215
ھەيران قالارلىق خەۋەر............................................ 218
ئىككى بالىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى.................................... 222


(كىتاب «ئۇيغۇر سوفت» كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ ئىختىراسى «ئەلكاتىپ — 3.9»دا تىزىلدى)

# بىرىنچى باب



# پول هامما

— تام، تام، ھەي تام ...؟

جاۋاب چىقمىدى.

— قىزىق ئىش، ھازىرلا مۇشۇ يەردە ئىدىغۇ بۇ بالا، يەنە مۆكۈۋاپتۇ- دە!

پول هامما كۆزەينىكىنى ھېلى ئۈستىگە، ھېلى ئاستىغا سۈرگىنىچە ئۆي ئىچىگە ئىنچىكىلەپ سەپسېلىشقا باشلىدى.

— بۇ دورەم تۇتىۋالىدىغان بولسام- زە، خەپ سېنى...

ئۇ ئۆز- ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە ئېگىشىپ سۈپۈرگىنى ئالدى-دە، كارىۋاتنىڭ ئاستىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بىراق كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تام ئەمەس، بىر مۈشۈك چىقتى.

ئۇ ئۇلۇغ ئىچىلغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— تام!

تۇيۇقسىز بىر شەپىنى ئاڭلىغان موماي دەرھال ئارقىسىغا قارىدى. بۇ دەل تام ئىدى. موماي تامنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتىۋالدى.

— يەنە قازناققا كىرىپسەن-دە، نېمە ئىش قىلدىڭ ئۇ يەردە؟

— ھېچنېمە...!

— ھېچنېمە دەيدۇ تېخى، قارىغىنا قولۇڭ بىلەن جاۋغايلىرىڭغا! مۇراببا يۇقۇندىسى تۇرمامدۇ. مۇرابىا ئوغرىلاپ يېمە، دېمىگەنمىدىم مەن ساڭا؟ ماڭ، قامچىنى ئېلىپ كەل!

تام قامچىنى قولىغا ئېلىپ، ھاۋادا ئايلاندۇرغۇنچە بىر قارس چىقىرىپ قويدى. قارىغاندا تام يەنە تاياق يەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ھامما، ئارقىڭىزغا قاراپ بېقىڭا! — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

موماي ئارقىغا شۇنداقلا ئۆرۈلۈۋىدى، تام شارتلا قىلدى-دە، هويلا تېمىدىن ئارتىلىپ هەش- پەش دېگۈچە تىكىۋەتتى.

موماي بىردەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە كۈلدى:

— هەي شەيتان، هەي شەيتان...

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، تام هامىسىنى دائىم مۇشۇنداق خاپا قىلغىنى بىلەن، موماي ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. يەنە كېلىپ تام مومايىنىڭ مەرھۇم سىڭلىسىنىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنى ئۇرۇشقا راستىنلا قولى بارمايتتى. بىراق يەنە بەك ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، تامنىڭ يامان ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا گاهىدا ئۇنى مۇشۇنداق قورقۇتۇپ قوياتتى.

— ئۇ بۈگۈن يەنە مەكتەپتىن قاچىدىغاندەك قىلىدۇ. خەپ، ئۇنى ئەتە بىر ئەدەپلەپ قويمىسام، — دەپ ئويلىدى موماي. شەنبە كېلىشى بىلەن باشقا باللارنىڭ هەممىسى خۇشال- خورام ئوينايتتى، پەقەت تاملا ئىشلەيتتى. شەنبە كۈنى تامنى ئىشقا سېلىش، ئۇنى جازالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

ئىش دەل مومايىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. تام مەكتەپكە بارماي پۇخادىن چىققۇچە ئوينىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە نېگىر خىزمەتچى بالا جىم ئەتىسى قالايدىغان ئوتۇنلارنى كەسلەپ تەق قىلىۋەتكەن بولغاچقا، تامنىڭ ياردىمىنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى.

تامنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى سىد ناهايىتى ياۋاش باللاردىن بولۇپ، ئۇمۇ ئۆزىگە تەقسىملەنگەن ئىشلارنى قىلىپ بولغانىدى.

كەچلىك غىزادا موماي قەستەن سوراپ قالدى:

— تام، بۈگۈن مەكتەپكىدە تازا ئىسسىغانسەن بالام؟

— شۇنداق هاما، ئىسسىپ ئۆلەي دېدىم.

— ئۇنداق بولسا، سۇغا چۆمۈلگۈڭ كەلگەندۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تامنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا تام ئەسلىدە مەكتەپكە بارماي نەق يېرىم كۈن سۇغا چۆمۈلگەنىدى.

بۇنىڭغا بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايتتى. چۈنكى موماي گەپ ئەگىتىپ تامنى قىلتاققا دەسسىتىدىغاندەك تۇراتتى.

— ياق هاما، — دېدى تام ئۆزىنى ئاقلاپ، — شۇنداق ئىسسىپ كەتتىم، بىراق سۇغا چۆمۈلگۈم كەلمىدى.

موماي تامنىڭ ياقىسىنى سىيلىغاچ ئۇنىڭغا دېدى:

— كونا شۇنداق ئىسسىپ كەتتى، بىراق ياقىلىرىڭ ئەجەب قۇرۇق تۇرىدۇغۇ بالام؟

تامنىڭ ياقىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئازراقمۇ تەر يوق ئىدى. بۇھال مومايىنىڭ گۇمانىنى قوزغايتتى، ئەلۋەتتە. مومايىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ بولغان تام دەرھال گەپ ياسىدى:

— بايا دوستلىرىم بىلەن سۇ پومپىسىنىڭ يېنىدا بېشىمنى يۇيۇۋالغانىدىم، شۇنداق سەگىپ قالدىم. قاراڭە ھاما، مانا چاچلىرىم ھېلىمۇ ھۆل تۇرۇپتۇ.

بىراق موماي بۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى.

— بېشىڭنىلا يۇغان بولساڭ، ئۇنداقتا كۆڭلىكىڭنىڭ ئەتىگەن مەن تىكىۋەتكەن ياقىسى ھېلى ھەم شۇ پېتىچىكەن-دە! قېنى چاپىنىڭنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشكىنە، مەن كۆرۈپ باقاي.

تام چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى خاتىرجەم يەشتى، دېگەندەك كۆڭلەكنىڭ ياقىسى تىكىكلىك ئىدى.

— پاھ! ھەرنىمە بولسا گەپ ئاڭلاپسەن. مەن تېخى سېنى مەكتەپكە بارماي سۇغا چۆمۈلدىمىكىن دەپ، خاتا ئەيىبلىگىلى تاس قاپتىمەن.

تام ئەمدىلا خاتىرجەم بولۇپ تۇرۇشىغا، سىد تۇيۇقسىز گەپ ئارىلاپ قالدى:

— بىراق ھاما، ئەتىگەن ئۇنىڭ ياقىسىنى ئاق يىپتا تىككەندەك قىلىۋىدىڭىز، ھازىرئەجەب قارىغا ئۆزگىرىپ قاپتا؟

— ۋۇي راست، مەن ئاق يىپتا تىككەنىدىمغۇ، تام؟

تامنىڭ ھىيلىسى ئاشكارىلىنىپ قالدى.

ھازىر تامغا قاچماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا ئۇچقاندەك باردى-دە، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى:

— خەپ تۇختا سىد، ئاڭلاپ تۇر، مەن بۇ ھېسابنى سەندىن ئالماي قويمايمەن!

تام بىر ھازا يوشۇرغەندىن كېيىن ياقىسىنىڭ ئاستىغا سانجىپ قويۇلغان ئىككى تال يىڭنىنى ئېلىپ قارىدى. دېگەندەك ئۇنىڭ بىرىگە قارا يىپ، بىرىگە ئاق يىپ ئۆتكۈزۈلگەنىدى.

— سىد ئاتىكاچىلىق قىلمىغان بولسا ھامام ھەرگىز سېزەلمەيتتى-دە، — تام ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى، — بۇ مومايىڭمۇزە بەزىدە قارا يىپ، بەزىدە ئاق يىپ

ئىشلەتكىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ مەڭگۈ بىرلا خىل يىپ ئىشلەتكەن بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى- ھە! سىز دېگەن ئەبلەخ بەك ئەسكىكەن، ئۇنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى تازا ئەدىپىنى بېرىمەن.





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com